## قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەردە

### يېڭى بىنالار قەد كۆتەرمەكتە

تاشكەنت شەھىرى كۈندىن- كۈنگە ئۆزگىچە تۈس ئالماقتا. شەھەرنىڭ قايسىلا تەرىپىگە قارىماڭ، ئاسمان پەلەك قەد كۆتەرگەن ئىمارەتلەرگە كوزىڭىز چۈشىدۇ. شۇلارنىڭ بىرى، ئوتتۇرا ئازىيە تۆمۈر يول باشقارمىسى ئۈچۈن سېلىنغان ئون ئۈچ قەۋەتلىك ئەخباراتلارنى ئاۋتوماتلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشلەش مەركىزى بىناسىدۇر. شەھەرنىڭ ئەخمەت دانىش كوچىسىغا بولسا 240 ئائىلىگە مولچەرلەنگەن توققۇز قەۋەتلىك ياتاقخانا سېلىنماقتا. ھەممە جەھەتتىن قولايلىقلارغا ئىگە بولغان بۇ قۇرۇلۇش ئۇلۇق ئوكتەبرنىڭ 70 ژىللىغى نىشانلىنىدىغان كۈنگە قەدەر پايدىلىنىشقا تاپشۇرۇلماقچى.

سەئىد مۇخامېدوۋ باشقۇرىۋاتقان بىرىگادا ئەزالىرى چىلانزار ماسسىۋىدا 56 ئائىلىگە مولچەرلەنگەن يېڭى بىنانى پايدىلىنىشقا تاپشۇردى. ج. مۇسايېۋ رەھبەرلىگىدىكى بىرىگادا ئەزالىرى تاشكەنت دولەت تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ شەھەرچىسىگە توققۇز قەۋەتلىك بىنا سالدى. بۇ ستۇدېنتلارنىڭ ياتاقخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە ئاشخانا، كىتاپخانا ۋە دەم ئېلىش ئورنى، ھويلىسىدا سپورت مەيدانى بار. سەمەرقەنت دەرۋازىسى مەھەللىسىگە قۇرۇلغان ھەر بىرىگە 43 ئائىلە سىغدىغان ئۈچ بىنامۇ پايدىلىنىشقا بېرىلدى.

ئەندى شەھەرنىڭ مەركىزىگە قۇرۇلۇۋاتقان 18 قەۋەتلىك بىنانىڭ قۇرۇلۇش ئىشىمۇ تاماملانماقتا.

## پۈتكۈل ئائىلە بولۇپ دەم ئېلىش

ئۇش. (تاسس). قىرغىزستاننىڭ قارىسۇ رايونىنىڭ باشبۇلاق يېزىسىدا ئېچىلغان مەدەنىي- سپورت كومپلېكسىدا پۈتكۈل ئائىلە بولۇپ دەم ئېلىش مۇمكىن.

ئاتا- ئانىلار كىنو كورىۋاتقان ياكى بەدىي ھەۋەسكارلار كرۇژوكىدا شۇغۇللىنىۋاتقان چاغدا، بالىلار تېخنىكىلىق ئىجادىيەت كرۇژوكلىرىدا ھەر خىل نەرسىلەرنى ياسىشى، تەجرىبىلىك پېداگوگلارنىڭ رەھبەرلىگى ئاستىدا سۈرەت سىزىشى مۇمكىن. ئەندى تەن- تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىغۇچىلار ئۈچۈن بولسا سپورت زالى بار، بۇ يەردە تېنىس، ۋولېيبول، شاخمات ۋە باشقا سېكسىيەلەردە مەشغۇلاتلار ئوتىدۇ.



ئەتىياز تەپتىنى سەزمەكتە ...

م. زۇلپىقاروۋ

# يايلاقتىكى شىكار

(ھېكايە)

ئاغىنىمىزنىڭ باجىسى ئىبەيدۇللام بىزنى خېلىدىن بېرى يايلاققا تەكلىپ قىلىپ ژۈرىدىغان. ۋاقتى- سائاتى يەتكەن ئىكەن، بىيىل ياز ئۇلارنىڭكىگە سەپەر قىلدۇق. ئىبەيدۇللام ئائىلىسى بىلەن ئالتە قاناتلىق كىگىز ئۆيگە جايلىشىپ سوۋخوزنىڭ بىر ئوتار قويىنى باقىدىكەن.

ماشىنىدا كوز باغلانغاندا مەنزىلگە يېتىپ باردۇق. بۇ ئاسى يايلىغىغا تەۋە جاي، كېچىسى ئەتراپ مەنزىرىسىنى بايقالمىدۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە «يول ئازاۋى...» دېگەندەك، ئۆزىمىزگىمۇ ھادىق يېتىپ، چاي، پاي، ئىچىپ، ژىراق- يېقىندىن پاراڭغا چۈشتۇق. مېھمان شەرىپىگە سويۇلغان قارا قوزىنىڭ گوشى ئاڭغىچە ۋايىغا يېتىپ پىشىپتۇ، تەمانىنا قىلىپ، يېتىپ قالدۇق.

ئويغۇق سىزىۋلمەي تۇرۇپ بەزمىگە چۈشكەن تورغايلار ساداسى، يە قورادىن چىقىرىلغان قوي- قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى، يېنىمىزدىكى سايدا شوق، قىيغىتىپ ئاققان تاغ سۈيىنىڭ شاۋقۇنى سەۋەپ بولدىمۇ، ئويغىنىپ تاشقىرىغا چىقتۇق. گۈل كەشتىلىرى چېكىلگەن كوز يەتمەس ئوتلاقنىڭ ئۇ- بۇ يېرىدە كىگىز ئۆيلەر ۋە، ئوتلاپ ژۈرگەن مال- ۋاران بىزنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئېرىسىدا ھوسىمدەك ياپ- يېشىل قارىغايزارلىق تاغ- ئىدىرغا، ئۇتۇشۇپ كېتىدىكەن.

كوزۇم شۇندا تامدىن تاراش چۈشكەندەك، يېنىمىزدىلا پەيدا بولغان «ئاقتوشكە» چۈشتى. ئۇ بەئەينى بىزنى قارشى ئالغاندەك، يېقىنلاپ كېلىپ توختىدى. مەن «ئاقتوشكە» تىكىلىپ قاراپ قالدىم. قول- ئاياقلىرى تىك كەلگەن تايغاننىڭ باش ۋە يەلكە، ساغرىلىرى سىيادەك قارا، قوساق- قارنى بولسا ئاپپاق. تايغان مەيلىمنى بىر مەزگىل ئۆزىگە رام قىلدى. ھە، تېخى، ئۇنىڭ دۈپدۈگلەك يوغان كوزلىرىنى دېمەمسىز. شىگتىيىپ تىكىلگەن بېقىشلىرىدىن بىر كوچا ئارىلىقتىكى موشۇكنىڭ شەپىسىنى سېزىدىغان تۈرى بار. «تايشان دېگەن جانىۋارمۇ شۇنداق ئېسىل بولىدىكەن، يايلاققا يارىشىپتۇ»، دېدىم ئىچىمدە.

—ھە، مېھمان،— دەپ قالدى كەينىمىزدىن كەلگەن ساھىپخان،— تايغانغا بولەكچىلا تىكىلىپ قالدىڭىز، «مالغا قارىماي، بۇ يەردە نېمە لاغايلاپ ژۈرىدۇ؟» دەيسىزغۇ تايلىق. مالغا قارايدىغانلىرى باشقا، بۇ مېنىڭ ياردەمچىم. بۇنىڭ بىلەن بىز ماللارنى بىللە ئارىلايمىز، ئېپى كېلىپ قالسا، ئو ئولايمىز.

ساھىپخاننىڭ «ئو ئولايمىز» دېگىنى مېنى قىزىقتۇردى. چۈنكى ئىلگىرىمۇ ئۇ يايلاقتا پات- پات ئو ئولايدىغانلىغىنى ئېيتىۋېدى- دە. بىزنىڭ قىزىقىشىمىزنىڭ بىرىيېقى شۇ ئېدى. مۇمكىن، ئۇ ئەشۇ تايغاننى توشقانغا سالىدىغاندۇ، مۇمكىن، تۈلكە ئالدىغاندۇ.

شۇ ئويلار مېيەمدە كەزدىيۇ، كوزلىرىم بولسا ھامان تايغاندا.

ئاغىنەم شۇندا بىيل ئوت- چۆپنىڭ قانداقلىغى ھەققىدە سوراپ قالدى. ئىبەيدۇللام ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىۋاتاتتى، «ئاقتوش» بىردىن ئىدىر ياققا قولاقلىرىنى شىڭتايتىپ بىر دەقىقە تىكىلىۋالغاندىن كېيىن، قىيىندىن چىققان ساداقتەك ئۆزىنى ئاتتى.

—تۈلكە، تۈلكىنى كوردۇڭلارمۇ!؟— دېدى ھاياجىنىنى باسالمىغان ئىبەيدۇللام. كوزىمۇ ئوتكۈر ئىكەن ئۇنىڭ، ئاغىنەم ئىككىمىز قانچە سىنچىلاپ قارىمايلۇق، تۈلكە تۇرماق، ئەزبىرايى، قىمىرلىغان جاننى كورگەن بولساق.

قېنى، قايسىڭلار مىنگىشىسىلەر،— دېدى ئىبەيدۇللام بىرپەستىلا كىگىز ئوي قېشىدىكى دوم ياغاچتىن يېشىۋالغان ياۋداق ئاتقا توقۇم سېلىۋېتىپ،— تايغاننىڭ كارامىتىنى سىلەرگە كورستەي! ئاغىنەم مېنى «مىنگەش!» دەپ تۈرىۋالدى. تايغاننىڭ تۈلكە ئالغىنىنى كورمىۋېدىم، ئۆزەممۇ قىزىقچىلىقتا ئاتقا قانداق قارغىپ مىنگەشكىنىمنى كوز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن. شۇندا ساھىپخان ئاتنى دېۋىتكىنىچە، ھوكىرەك تاشلىتىپ چاپتى. بىز تايغاننىڭ كەينىدىن ئىككى يۈز ماگدامچە يەرگە بېسىپ كەلدۇق. پەقەت شۇ چاغدىلا، يەرگە چاپلىشىپ دېگىدەك، قويۇندەك كېتىپ بارغان تۈلكىگە كوزۇم چۈشتى. تايغان تېخى خېلە ئۇزاقتا ئېدى. «پاھ بۇ تايغاننىڭ سەزگۈرلىگىنى ھە! شۇنچە ژىراقتىكى تۈلكىنى قانداق كورۇپ قالغاندۇ؟!»

نېمە ئالامەت بولدى، تۈلكىنىڭ ئىزى بىلەن كېتىپ بارغان تايغان: «سىنىمۇ قوغلاپ ئاۋارە بولمەنمۇ» دېگەندەك يالتىيىپ، يولنى تىكىگە- ئىدىر ياققا سالدى.

ئابلا، تايغان بولمىغۇر قېيىپ كەتتى! يېنىپ قالدى، كاساپەت!— ۋايىسىدىم مەن.

— سەۋىر قىلىڭ، مېھمان، تايغان يانغىنى يوق، بۇنىڭ كارامىتىنى كېيىن كورسىز،— دېدى ئۇ كوزلىرىنى تۈلكىدىن ئالمىغان ھالدا. «تۈلكە قاياقتا ژۈرىدىيۇ، تايغان قاياقتا. يەنە قانداق كارامىتى قالدى بېچارە تايغاننىڭ؟»— بۇ گەپنى ئېيىشىمغا چىقىرىشقا كوڭلۇم قىيمىدى. راستىنى ئېيتسام، بايىقى قىزغىن قەلبىم ئاگىلا بولۇپ، ئەنگۈشتەسىنى يوقاتقان كىشىدەك، بوشىشىپ قالدىم. بۇ كەمدە پۈت- قولىنى قولتۇققا قىسىپ دېگىدەك قېچىپ، جېنىنى جايلىغان تۈلكە يولنى ئادەتتىكىدەك قاپتال بويلاپ ئەمەس، تىكلەپ ئىدىر ئورىسىگە سالدى. «كوردۇڭىزمۇ؟»،— دېدى ئىبەيدۇللام ماختىنىش بىلەن ئوز پىكرىنى دەلىللىمەك بولۇپ. تەئەجۈپكى، ئېيتىشىچە، ئەشۇ پەيتتە تۈلكە بىلەن تايغان ئوتتۇرىسىدا سىرلىق ئويۇن باشلانغان ئىكەن. تۈلكىنىڭ ئەسلىدە ئالدى قوللىرى ئارتى ئاياقلىرىغا نىسبەتەن قىسقا بولغىنى ئۈچۈن ئورىگە قاچقاندا، ئۆزىگە ئۈچار قاناتتىن باشقىسىنى يەتكۈزمەسمىش. دەسلەپ ئۇنىڭ قاپتال بويلاپ قېچىشىدا گەپ بار ئىكەندە. بىكار تۈلكە دەمدۇ، مەخسەت- تايغاننى ئەتتەي ئىزىغا سېلىپ، مېلىكە قىلىپ چارچىتىش، ئۇ شىپقاپ كەلگىدەك بولسا، ئۆزىنى دەررۇ ئورىگە ئېلىپ قوتۇلۇش... تۈلكىنىڭ بۇ قۇۋلىغىدىن ئىلگىرىدىنلا ئۇچۇر ئېلىپ قالغان تەجرىبىلىك «ئاقتوش» ئەسلا ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشمەي، يولنى چاسىغا تىكلەپ سالغىنى بېھودە ئەمەس... دېمەك، ھايۋانلار چېغىدا بىرى قوتۇلۇش، ئىككىنچىسى بولسا توتۇش ئۈچۈن قانداق چارە- تەدبىرلەر قوللىنايدۇ دېسىڭىزچۇ.

بىز ئىدىرنىڭ ئېتىگىگە ئۇلاشقىنىمىزدا ئىبەيدۇللام ئاتنىڭ تىزگىنىنى كەسكىن تارتىپ، چىپ توختاتتى-دە:

— مانا، قالغان تاماشىنى مەشەدە كورۇۋېرىڭ،— دېدى. تۈلكە ئۆزىچە «تايغاننى تېزەك تەردۈرۈپ قويدۇم» دېگەندەك، بېخۇدۇك ئورەدەپ كېتىپ باراتتى. «ھەي، كاساپەت، ئۇزاپ كەتتى، ئەندى بوي بەرمەيدىلا!»—دەيمەن ھەس-ھەس بولۇپ. ئارىدىن بىرەر مىنۇت ئوتتىمىكىن، گويا قورۇلغا ئالغاندەك، نىشاننى ئېنىق مولجاللىغان تايغان لىپ قىلىپ بەل ئېشىپ، تۈلكىنى گەجگىلەپلا چىقتى. قۇرغان پىلانلىرىنىڭ تارمار بولغانلىغىنى بايقىغان تۈلكە قاتتىق مەگدەپ بۇرۇلۇپ تۆۋەنگە قاچتى. تايغان تورت ئاتلاپلا تۈلكىنىڭ ئالدىغا ئوتتى. جانىۋار بۇرۇل تۈلكە ئەمەسمىكىن، كۈنمۇ تاغ چوققىسىدىن ئالقىپ چىقىۋېدى، ئۇنىڭ ئۇزۇن رەگدار تۈكلىرى تارۋىلىنىپ كەتتى. تايغاننىڭ دەرمەھەل ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئالماي، ئالدىغا ئوتۇپ كەتكىنىگە تەئەجۈپلەندىم. ئۆزىدىن ئەچچە ھەسسە زور ۋە دەھشەتلىك رەقىبىنىڭ بىردىن ئالدىدا پەيدا بولغىنىنى كورگەن تۈلكە قايرىلىپ ئورىگە قاچتى. «ئاقتوش» ھەيەل قىلماي، شىپقاپ كېلىۋېدى، تۈلكە قۇيرىغىنى بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا تاشلىغىلى تۇردى. قۇيرۇق تاشلاش تۈلكىنىڭ ئاخىرقى ھىلىسى ئىكەندە. شۇنداق ۋاقىتتا بەزەن تەجرىبىسىز تايغانلار قۇيرۇق قوغلاپ، ئاساسىي يونىلىشتىن شارت ئېتىپ چىقىپ كېتىپ، تۈلكىنى ئۆزىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ قويىدىكەن. «ئاقتوش» ئۇنىڭ ھىلىسىگە كوگۈل بولۇپ كەتمىدى. ئۇ تۈلكىنى يەلكىدىن ئالدى-، بىر سىلكىپ نېرى تاشلىدى. تۈلكە ژۇمىلاپ تۇرۇپ، يەنە قاچتى.

— ئابلاھۇئەكبەر، قويىۋەتكىنىنى! ھەجەپ بوشاڭلىق قىلدى!— دەۋەتتىم تاقەت قىلالماي.

— بوشاڭلىق قىلغىنى ئەمەس،— دېدى ئىبەيدۇللام كۈلۈپ،— ئوينىتىۋاتىدۇ! بىلمىسىڭىز، ھەممە تاماشە مانا مەشەدە!..

— ئوينىتىۋاتىدۇ، دەڭا! —ئاپىرىن ئەيلىدىم. دېمەك تۈلكىنىڭ بايا ئۆزىچە ئويياق- بۇ ياققا قۇيرۇق تاشلاپ، ھاماقەت قىلغىنى تايغاننىڭ غورۇرىغا تېگىپ، نۆۋەتتە ئۇما ئويناتماقچى بولۇپتۇدە. شۇندا تايغاننىڭ ئاغزىدىن بوشانغان تۈلكە بارلىق كۈچ-غەيرىتىنى ئاياق- قوللىرىغا ژىغىپ قېچىۋېدى، «ئاقتوش» ھاي-ھۇي دېگىچە يېتىپ باردى، بىراق، ئېمىشكىدۇ، ئېغىز سالمىدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ تۈلكە يەنە قاچتى. پەقەت شۇ ۋاقىتتىلا «ئاقتوش» ئويۇنغا چەك قويدى، ئۇچقاندەك بېرىپ تۈلكىنىڭ دۇمبىسىگە ئېغىز سالدى-دە، ئۈچ- تورت سىلكىپ، يەرگە ئۇردى. تۈلكە قىمىر قىلماستىن ياتتى. «ئاقتوش» ئەندى نېمە قىلىدىكىن؟» دېگەندەك، تىڭشاپ تۇردى.

— ئويۇن پۈتتى!— دېدى ئېتىنى ياڭلىۋاشتىن دېۋىتىپ چاپقان ئىبەيدۇللام. بىز بىر پەستە يېتىپ باردۇق. مەن ھاياجانلىنىش ئىلكىدە، ژۈرىگىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، ئاتتىن يەرگە ئۆزەمنى ئاتتىم. بار ئامال، ھىلە- مىكرىنى ئىشلىتىپمۇ قوتۇلالمىغان تۈلكە ئاخىرى تىنىپ قاپتۇ. تۈلكە- تايغان ئويۇنىنىڭ فىنالى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. بىز ئاتلاندۇق.

— ھىلىگەرنىڭ قۇيرۇغى بىر تۇتام، دېگەن يەرلىرى موشۇ،— دېدى ئىبەيدۇللام تۈلكىنىڭ قۇيرۇغىدىن تۇتالماي، تېقىمغا بېسىپ. «ئاقتوش» مۇۋاپپەقىيەتتىن مەغرۇرلانغاندەك ئالدىمىزغا چۈشتى.

يايلاق مەنزىرىسىگە تويمىغان بىزنىڭ خوشاللىغىمىزنىڭ ئاخىرى شىكارغا ئۇلىشىپ، گويا تاغ چەشمە سۇلىرى بىر- بىرىگە قوشۇلۇپ ئۇلغايغاندەك بولدى.

تەھرىر ھەيئىتى

بىزنىڭ ئادرېس: 480100، س.س.س.ر، ئالمۇتا شەھىرى، پرولېتار كوچىسى 80. تېلېفونلار: 61–19–55، 61–18–53، 61–02–13. ئىنېكس 72877
Бизниң адрес: 480100, СССР, Алма-Ата, ул. Пролетарская 80, Казахское общество «Отан» (Редакция газеты «Биздин Ватан»). Индекс 72877.